# ئۆتەك ۋە سەتەك

(شېئىرلار)

مۇھەممەد ئابدۇللا زاكىر «قۇملۇق»

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

1

## ئۆتەڭ ۋە سەتەڭ

ئۆزۈم يالغۇز ساياھەتتە ئايلىنىپ ،
باياۋاندىن قېچىپ تاپتىم ئۆتەڭنى .
ياتاق ئالدىم ھاردىم ، لېكىن ئۇخلىماي .
ئۇندىدارنى ئىچىپ  قاتتىم سەتەڭنى .

ئۇچۇرلاشتۇق ئارلىقىمىز يىقىنلا ،
ھايال ئۆتمەي كىرىپ كەلدى قېشىمغا .
ۋاھ !ئىمانچە گۈزەل قىز بۇ ئاھ ! يۈرەك ،
بەخت قۇشى قۇندى بەلكىم بېشىمغا .

خۇلقى يامان ئېلىشۋالدى كۆڭۈلنى ،
ھاياجانىنىڭ ياڭراق كۈيى چېلىندى ،
كۈن قىزىلدا قۇپتۇم كۆزۈم ئاچالماي ،
بولغان ئىشلار خۇددى چۈش دەك بىلىندى .

تاڭ سەھەردە خوشمۇ دىمەي كېتىپتۇ ،
ئاپلا دېدىم يانلىرىمنى  ئاختۇرۇپ .
بانكا كارتا ، كىملىكىم يوٗق پۇلۇمۇ ،
بېشىم قايدى قىلمىشىمغا ئاھ ئۇرۇپ .

خېلى كۈنلەر ئۆتتى يۈردۈم ئالدىراش ،
يۈتكەن بارلىق  كېنىشكەمنى تولۇقلاپ .
بولۇپ قالدىم ئەجەپ زىلۋا كېلىشكەن ،
شۈنچە يەپمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ .

دۇختۇر دېدى ئەھۋالىمغا ئېچىنىپ ،
«مۇسبەت ئىكەن تەكشۈرۈشتە قېنىڭىز .
ياخشى كۈتۈڭ ئۆزىڭىزنى ، چىنىقىڭ ،
ئەيدىز ۋىرۇس يۇقتۇرۇپتۇ تېنىڭىز . »

## 2

## ئۇنۇتما

ئىرىشكەندە دوستلىرىڭنىڭ مۇھەببىتى مېھرىگە ،

كۆلۈمسىرىگەن رەقىبىڭنىڭ بارلىغىنى ئۇنۇتما ،
ئامەتلىرىڭ كۆندە كەلمەس  هايات قىسقا ھەقىقەت ،
كۆلگىنىڭدە غېرىبلارنىڭ خارلىغىنى ئۇنۇتما .

تاشلىۋەتمە يىپپىنچاقنى يازدا ئېغىر بولسىمۇ ،
ئۆششۈك تەگكەن يامغۇر ئەمەس قارلىغىنى ئۇنۇتما .
سوۋۇپ قالغان لەڭمىنىمنى ياراتمىغان چېغىڭدا ،
ئاجىزلارنىڭ بوردا نانغا زارلىغىنى ئۇنۇتما .

هايات قىسقا راستچىل ياشا ئەخلاق ئادەم زىننىتى ،
يالغان سۆزنىڭ ئەجەل سىرتماق دارلىغىنى ئۇنۇتما .
ئۆتنە ئالەم قىلمىشلىرىڭ بىر كۈن يانار ئۆزۈڭگە ،
ۋاقتى كەلسە جاهانىڭمۇ  تارلىغىنى ئۇنۇتما .

**3**

## ئەردەك ياشا

ئەردەك ياشا ئەقىل تاپقىن يىشىڭ ئاشتى قېرىقتىن ،

سەتەڭلەرنى قوغلاشمغىن «ئاھ جېنىم» دەپ سوكولداپ.
ئاشنا دېگەن شۆكرى قىلماس مۆھەببەتنىڭ شالتىقى،
ئەر خوتۆندەك يۆرەلمەيسەن يۆرەكلىرىڭ پوكولداپ.

كۆيۆنمەيدۇ مېھرى بىلەن ئايالىڭدىن باشقىسى،
باشلىرىڭنى ئوچاق ئېتەر جانانلىرىڭ كوتولداپ.
قەدىرلىسەڭ ئائىلەڭنى بەخت سەندە نۇرلىنار،
ئېزىپ كەتمە گۆزەللەرگە سۆيۆپ قويسا چوكولداپ.

يارەنلىرىڭ بىر كۆنلىرى ئىسلىدۇ ياقاڭغا،
«خوتونۇڭنى كەتكۆزۋېتىپ مىنى ئال» دەپ غوتۇلداپ.
شۇ چاغ يۆزۆڭ ئەلدىن چۆشەر بۇنداق چۆشۆش بەك يامان،
خاتا باسقان قەدەملەرگە ياش تۆكسەن بۇقۇلداپ.

**4**

## بىلىپ ياشا

بىلىپ ياشا ئىزىپ كەتمە ئەخلاقىڭدۇر زىننىتىڭ ،
ئەلگە قوشقان تۆھپەڭ بىلەن ئاشار قەدرى ـ قىممىتىڭ .
شۈكرى قىلغىن نىسىۋەڭگە يىمە يېتىم رىزقىنى ،
ئاجىزلارنىڭ دىل ـ قەلبىنى يورۇتىدۇ ھىممىتىڭ .

زارلانمىغىن قىسمىتىڭگە بولسۇن سەبرى ـ تاقىتىڭ ،
ئەجرىڭ بىلەن قۇچاق ئىچىپ كىلەر بەخت ـ ئامىتىڭ .
تەكەببۇرلۇق ، ھاكاۋۇرلۇق يىقىتىدۇ بىر كۈنى ،
بولسىمۇ گەر تاغدەك ئىگىز ھەيۋەت قەددى ـ قامىتىڭ .

ئەلنى سۆيسەڭ ئەلمۇ سۆيەر بولسا ئىسىل خىسلىتىڭ ،
شەرمى ـ ھايا ، پەزىلەتتە تۈزۈلىدۇ ئىللىتىڭ .
ۋەتەن ئىشقى ئەلنىڭ غېمى يۈرىكىڭدە چاقنىسا ،
ئىللىق مېھرى ـ مۇھەببەتتە گۈللىنىدۇ مىللىتىڭ .

## 5

## تويلۇق

يىلدىن ـ يىلغا چوڭايماقتا ياشلىرىم ،

گادايلىقتا غەمگە پاتتى باشلىرىم.
توي قىلالماي، ياقام قاسماق، گاھى ئاچ،
تەمى قېرتاق تۇزسىز ئەتكەن ئاشلىرىم.

بەختىم ئۈچۈن توي نەغمىسى چالاي دەپ،
تەلەپ قويدۇم بىر گۈزەلگە «ئالاي» دەپ.
جاۋاپ بەردى «چېدىسىڭىز مەن تېگەي»،
ئاڭلاپ تۇرۇڭ تويلۇقۇمنى سالاي دەپ.

دەيدۇ چوقۇم شەھەر بولسۇن يۇرتىڭىز،
قېرقىۋىتىڭ ياراشماپتۇ بۇرتىڭىز،
ئاخسا يۇرۇڭ بايۋەتچىدەك ياسىنىپ،
تومپاي پۇراق، مەتۇ ئىكەن تۇرقىڭىز.

پۇللار بىلەن توم كۆرۈنسۇن يانجۇقۇم،
كىيىملەرگە لىقلا تولسۇن ساندۇقۇم.
چېنىپ قالماي ئاداشلىرىم ئالدىدا،
كۆپرەك بولسۇن تويلۇق ئالتۇن ـ جابدۇقۇم.

تۆلمەيمەن ئۆتنە قەرىز ئالسىڭىز ،
ئاۋات جايدا كاتتا بولسۇن داچىڭىز .
ۋەدە بىرىڭ سىزنىڭمىدىن ئاتلىماڭ ،
ئارلاشمىسۇن ئاتا ـ ئانا ئاچىڭىز .

ئۈزۈلمىدى بۇ گۈزەلنىڭ سۆزلىرى ،
تويلۇق ئېغىر ، قىزارمىدى يۈزلىرى .
«بويتاق ياشاي» دېدىم كەتتىم قايرىلىپ ،
قاراپ قالدى چەكچىيىپلا كۆزلىرى .

**6**

## نائەھلى

يېلىنىپ بوينى قېسىق ياش تۆكۈپ كەلسە بىرى ،
تۇرقىغا ئىچ ئاغرىتىپ دىللىرىم قايغان ئىكەن .
ھېلىگەر تونىنى كىيىپ يالۋۇرۇپ ئاندىن ماڭا ،

يۇشۇرۇن قاپقان قۇرۇپ  تورىنى يايغان ئىكەن.

دەردىگە دەرمان بولۇپ دەردىنى ئاڭلاپتىمەن،
كەم ئەقىل چاغلاپ مېنى داپ كەبى چالغان ئېكەن.
سىردىشىم، دىلكەش دېسە سىر بىرىپ يۇردۇم ئىسست،
سۆزلىرى شېرىن ـ شېكەر  كۆز يېشى  يالغان ئىكەن.

سورىسا دوستلۇق مېھىر يەتكۇچە بەردىم ئاڭا،
ئاقكۆڭۈل يۇمشاق دىلىم ئالدىنىپ قالغان ئىكەن،
يۇرۇكۇم ئاغرىپ تۇرار مىڭ لەنەت نائەھلىگە،
چاي دېسە ئۇتلاپتىمەن ئاھ  ! زەھەر سالغان ئىكەن.

**7**

## ئانامنىڭ ئۆيى

كۆلكە  بەختىم  ،تاجۇ  تەختىم،  ئانامنىڭ  ئۆيى،
ئىللىق  بېغىم،  شانۇ  پەخرىم،  ئانامنىڭ  ئۆيى،

ھەيۋەت ئېگىز سارايلارغا  قىلمايمەن ھەۋەس.
مەن ئۈچۈن ئەڭ ئىللىق ماكان ئانامنىڭ ئۆيى..

ئاق سۈت بىرىپ پەپىلەتكەن مېھرىبان ئانام،
ئات مىندۈرۈپ ئەركىلەتكەن پاسىبان دادام،
باشلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ  باغرىغا ياققان.
غەمسىز كۈنۈم ئۆتكەن خانەم ئانامنىڭ ئۆيى.

ئانام غەم يەپ تۈنلەر بويى كىرپىك قاقمىغان،
جاپالارغا چىداپ ئۆي دەپ ۋايساپ باقمىغان.
خۇشاللىق كۆپ غەملىرىم يوق يېشىم ئاقمىغان.
يورىگىمدە نۇر چاقنىغان ئانامنىڭ ئۆيى.

**8**

## ئوغلۇمغا

جېنىم ئوغلۇم ھاياتىمسەن كۆزلىرىمنىڭ قارىسى،
بەختىمۇ سەن، تەختىمۇ سەن يۈرۈگۈمنىڭ پارىسى.

ۋىجدان بىلەن ياشا ئوغلۇم ئەخلاقىڭنى بۇلغىماي ،
ئەلنىڭ ساڭا زوقى كېلىپ چىكىلسۇن دىلتارىسى .

ئۆرلە داۋان داغدام راۋان دۇئا قىلاي بول ئامان .
كۆچەت تىكىپ بوستان ياسا ئەلگە چۈشسۇن سايىسى .
ئايرىلمىغىن ئەل قەلبىدىن ئالغىن قەدەم ئەل بىلەن ،
بولما نامەرت ،كۆڭلى قارا تۇتمىسۇن ئەل نالىسى .

دىلىڭ يۇمشاق بولسۇن ئوغلۇم ئىنساپ ـ بەخت تىلەيمەن .
مېھرىڭنى بەر يېتىملارنىڭ ساقايسۇن دىل يارىسى .
ئەل ـ ۋەتەنگە تۆھپە قوشقىن بارلىغىڭنى بىغىشلاپ ،
بولغىن ئۇلۇغ شان ـ شەرەپلىك ئەجدادلارنىڭ ۋارىسى .

## 9

## ئوماق جىنىم

يۈزۈڭدىن ئەيمىنەر تولۇنئاي يۈزى ،

كۆزلىرىڭ قوياشتىن تامچىغان بۇلاق .

قاشلىرىڭ قاپ ـ قارا قۇندۇزنىڭ ئۆزى ،

ئاھ ! جېنىم سياقىڭ نىمانچە ئوماق .

مۇھەببەت باغلىرىم ئۇچۇقتۇر ساڭا ،

كىرىۋەر خالىساڭ سۆيگىنى ئىلىپ .

گۈللىرىم خۇشپۇراق چاچىدۇ ئاڭا ،

غۇنچىلار ئالدىڭغا سالامغا كىلىپ .

«كۆي» دېسەڭ ئوتنۇڭدا چاراسلاپ كۆيەي ،

يۈرىكىم قاتلىرى قالمىسۇن كاۋاك .

«سۆي» دېسەڭ ئۆمۈرلەپ دىلىمدىن سۆيەي ،

ئايرىلىش ئازابى چالمىسۇن چاۋاك .

## 10

## ئۇيغۇر يىگىتى

شوخ چۈەر ئۇيغۇر يىگىت قامىتى مەردانىدۇر ،
مەرد سېخىي ۋىجدانىدىن بارچە ئەل ھەيرانىدۇر.
ۋايىسىماس جەۋرى جاپا چەكسىمۇ كۆڭلى خۇشال،
شۇ ئىگىلمەس روھىغا گۈلچىراي پەرۋانىدۇر.

كۆزلىرى بۈركۈت گويا سۆزلىرى ھېكمەت ئىلىم،
يىگىتى ئۇيغۇر بىلەن دەشتى چۆل بوستانىدۇر.
ئاقكۆڭۈل مېھرى دېڭىز داستىخان ھەر چاغ ئوچۇق،
مېھمىنى تۆردە ئۇنىڭ پاك دىلى دوستانىدۇر.

ئالىمى مەھمۇت ،يۈسۈپ،پەخرى ئۇ ئۇيغۇر ئۆزى،
بارچە ئەل دۇنيا ئارا شەۋكىتى داستانىدۇر.
ئىزلىرى ئۆچمەس ئەبەت ئۇيغۇرى ئوغلانلىرى،
بولسىمۇ تەكلىماكان يۇرتى ئۇ ئاستانىدۇر.

**11**

## ئۇيغۇر قىزى

ئاي ئەمەس ئايدىن گۈزەل،

شوخ ـ چېۋەر ئۇيغۇر قىزى .
ھۆسنىدىن ئايمۇ خىجىل ،
گۈل ئانار مەڭزى يۈزى .

تاڭدىكى چولپان گويا ،
ئايبۇلاق ، شەھلا كۆزى .
يىغلىتار بۇلبۇلنىمۇ ،
بال ھەسەل شىرىن سۆزى .

بويلىرى زىلۋا زىبا ،
خۇشپۇراق گۈلنىڭ ئۆزى .
خىسلىتى شەرمى ـ ھايا ،
تەگمىسۇن ياتلار كۆزى .

مېھرى ئوت ئاتەش ئۇنىڭ ،
گۈل ـ چىمەن باسقان ئىزى .
لال قىلىپ كۆزنى چاقار ،

شۇ گۈزەل ئۇيغۇر قىزى .

## 12

## ئۇيقۇسىز كېچە

ئۇخلىيالماي ياتتىم شۇ تاپتا ،
ئۆرۈلمەن ئۇياق ـ بۇ ياققا .
تاشلاپ قويۇپ خىيال قويىنغا ،
قاچتى ئۇيقۇم ئاللا ـ قاياققا .

دېرىزىدىن ئۈنسىز قارايمەن ،
تېكىلگەنچە يىراق ـ يىراققا .
تولغىنىمەن ئېڭراپ يىگانە ،
دۇچار بولغاچ ئىشقى پىراققا .

يارنى ئويلاپ كۆزۈم يۇمۇلماي ،
ياستۇقۇمنى ئالدىم قۇچاققا .

تاتلىق ئۇخلاپ يارىم ئېھتىمال ،
چۈشلىرىنى تاپتى بۇ چاقا .

13

## بولمىسا

يىغلاپ قالۇر غۇرۇر ۋىجدان ئادالىتىڭ بولمىسا ،
ئەلدىن چۈشەر ئابرۇي ـ يۈزۈڭ قانائىتىڭ بولمىسا .
ئامەتلىرىڭ قوشلاپ كىلىپ بولسىمۇ كۆپ بايلىقىڭ ،
بەركىتى يوق تاپقىنىڭنىڭ ساخاۋىتىڭ بولمىسا .

زارلانمىغىن «مۇز يۈرەك» دەپ كۆيمىسە ھەم سۆيمىسە ،
ئىرىتكۈدەك مۇھەببەتلىك ھارارىتىڭ بولمىسا .
چۈشەنمەيسەن غېرىبلارنىڭ ئاھۇ ـ پەرياد دەردىنى ،
يۈرىكىڭدە سۆيگۈ ئاشىق جاراھىتىڭ بولمىسا .

ئەرلىكىڭدىن پەخىرلەنمە ئەرلەر ئەركەك باشقا گەپ ،

تۇرقۇڭ ئەردەك بولغان بىلەن سالاھىتىڭ بولمىسا .
ھايات دىگەن مۇشكۈل سەپەر ئەگرى ـ توقاي يوللىرى ،
ئاشالمايسەن داۋانلاردىن جاسارىتىڭ بولمىسا .

## 14

## بىكار

«پەرىشتە ئانام» دەپ شۇئار نى توۋلاپ ،
كارىڭ يوق مال ـ دۇنيا تاپقىنىڭ بىكار .
ئاناڭدىن ئاشمىغان چاپاننى ئېلىپ ،
يېتىملار ئۈستىگە ياپقىنىڭ بىكار .

ھالىنى سورىماي بۇلبۇلدەك سايراپ ،
تەرىپلەپ ناخشىغا قاتقىنىڭ بىكار .
ئاناڭدىن زەررىچە ئالمىساڭ دۇئا ،
نەچچە رەت ھەرەمگە چاپقىنىڭ بىكار .

چوڭساڭمۇ ، ئاناڭغا سەن تېخى بالا ،

كۆرەڭلەپ كۆككە پو ئاتقىنىڭ بىكار .
بارىدا قەدرىنى بىلمىسەڭ كەتسە ،
ئاھ ئۇرۇپ قەبرىدە ياتقىنىڭ بىكار .

**15**

## توردىكى «مەن»

قىرىق ياشتىن ئىشپتىمەن شۇندىمۇ ،
ئۇخلىيالماي تۈننى تاڭغا ئۇلايمەن .
ئۇلۇغ ۋەدە ،شېرىن ـ شېكەر سۆز بىلەن ،
ئۇندىداردىن جانانلارنى بۇلايمەن .

تېنىم ئاجىز نورلۇق كۆزۈم چىداملىق ،
ھاردىم دېمەي ئۇچۇرلارغا قارايمەن .
مەجنۇن كەبى ئاشىقلاردەك رول ئېلىپ ،
كۆڭلى مىسكىن پەرىشانغا يارايمەن .

ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئوتنى يېقىپ كۆل بولۇپ ،
يارنى كۆيلەپ يۇلتۇزلارنى سانايمەن .
غورۇرۇم بار دورىسا گەر ئايالىم ،
ئاچچىغىمدا چوقۇم ئۇنى چانايمەن .

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى
ئېلكىتاب ئىشلەشكە قاتناشقۇچىلار: يانغىن ، ***oqugin***

www.yanghin.net www.yanghin.cn
kitab@yanghin.net admin@yanghin.net